# شىنجاڭ گېزىتى

شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي 7
پەيشەنبە
维吾尔文 1 月7日
25299 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت ئېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 تيانشان تورى: www.ts.cn


# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تېلېگراممىا ئەۋەتىپ چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلىدى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېيىلدى:

چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى چاۋشيەن ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك تەشكىللىگۈچىسى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلغۇچى. ئۇزاق مەزگىلدىن بۇيان، چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى چاۋشيەن خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، چاۋشيەنىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇلۇغ مۇساپىسىدە تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن باشچىلىقىدىكى چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، چاۋشيەن ئەمگەكچىلەر پارتىيەسى ئۆز قۇرۇلۇشىنى

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامىنى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تۈزۈتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتى نىزامى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «نىزام» دېيىلدى)نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن شۇ بويىچە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «نىزام»دا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى يېتەكچى قىلىنىپ، پارتىيە نىزامنامىسى تۈپ مىزان قىلىنىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلام خىزمىتىنىڭ ئاساسىي مىزانى. «نىزام»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى يولغا قويۇش پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرلىكنى قوغدايدىغان تەشكىلىي تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار سايلىمىنى قېلىپلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «نىزام»نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى كېرەك. تەشۋىق قىلىش، يېتىپ چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆگىنىش، تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ «نىزام»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىق، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەركەت ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «نىزام»دىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنىڭ ئۇنۇملۇك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار «نىزام»نى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى مۇھىم ئەھۋال ۋە تەكلىپلەرنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىشى كېرەك.

«نىزام» ئومۇمىي پرىنسىپ، ۋەكىللەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، سايلامنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تەستىقلاشقا يوللاش، ئىنتىزام ۋە نازارەتچىلىك، قوشۇمچە پرىنسىپتىن ئىبارەت جەمئىي سەككىز باب، 49 ماددىدىن تەركىب تاپقان.



# قۇملۇق بويىدىكى كىچىك كەنتتە ساياھەت قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى

### 5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇڭ ياۋېن

«كەنتىمىزنىڭ قۇملۇق بىلەن بولغان ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، بۇ ئىلگىرىكى تەرەققىيات ناچار ھالىتىنىڭ ھازىر جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئەۋزەللىككە ئايلانغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن.» 2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مۇتتار قۇملۇق مەنزىرە رايونىغا 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان جىلك ناھىيەسىنىڭ تودوگ بازىرى كۈرتۈ چارۋىچىلىق كەنتىدە، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ يۈڭخۇا مۇخبىرغا مۇنداق ئېيتتى: كەنت يېزا ـ كەنت ساياھەتچىلىكىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ساياھەتچىلىك بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ.

نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا، كۈرتۈ چارۋىچىلىق كەنتى يەنىلا ھەممىلا يەر كېسەك ئۆي بىلەن تولغان، قوي ـ كالىلار تاغدا يايلاپ يۈرىدىغان چەت ـ يىراق چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئۆل ئەسلىھەلىرى ناھايىتى قالاق ئىدى. ئاھما كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئويلايتتى، ئەمما چىقىش يولى يوقلۇقىدىن بېشى قاتاتتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)



قۇمقاناسنىڭ قىشلىق مەنزىرىسى

قىش كۈنلىرىدە قاناس مەنزىرە رايونىدىكى قۇمقاناس كەنتى ئاپئاق لىباسقا ئورالغان بولۇپ، سەھەردە موردىلاردىن ئىس كۆتۈرۈلۈپ، يىراقتىن نەزەر سالغاندا خۇددى چۆچەكلەردىكى قار ـ مۇز دۇنياسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. (1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تارتىلغان)

□ تيەن گوجيەن فوتوسى

# كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى ئارقىلىق كەنت قىياپىتى يېڭىلاندى

### شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي يۈنيەن

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاردىن كېيىنكى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى)نىڭ ئەنەنىچۈي بازىرى خېشى كەنتى تىنچ ھەم گۈزەل بولۇپ، يوللاردا دۆۋىلىنىپ قالغان قارلار تازىلىنىپ، ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدى پاك ـ پاكىز بولۇپ كەتكەنىدى. «سەپەرۋەر قىلىش ھاجەتسىز، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن ئاتلىنىپ ‹ئىشىكى ئالدىدىكى قارلارنى تازىلايدۇ›» دېدى ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسىدىن خېشى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى ۋاڭ خۇيدۇڭ.

«كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسى خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، كەنت قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.» بۇ كەنت پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ خەيگاڭ مۇنداق دېدى: «كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىدە مەدەنىي يېڭى كەنت قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرۇش، ئامموۋى تازىلىقنى ياخشى قىلىش، كەنت قىياپىتىنى ساقلاش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن. ھازىر، بۇ مەزمۇنلار كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى».

2018 ـ يىلى، خېشى كەنتى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دېموكراتىك قانۇنچىللىقتا ئۈلگە كۆرسىتىش كەنتى بولۇپ باھالاندى. بەرپا قىلىش جەريانىدا، «ھەربىر كەنت ئاھالىسى قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىشلىتىش» كەنت قائىدىسى ـ ئاھالىلەر ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزۈلدى ھەم كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ھەرىكىتىگە ئايلاندى. «ھازىر كۆپچىلىكنىڭ قانۇن ئېڭى كۈچەيدى، زىددىيەت ـ ماجىرالار قانۇن بويىچە ھەل قىلىنىدۇ.» خېشى كەنتى 1 ـ كەنت ئاھالىلىرى گۇرۇپپىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى دەي رۇڭمېي مۇخبىرغا مۇنداق ئېيتتى:

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش كېرەك

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ قاراپ چىقىش، مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇلىدىغان ئالاقىدار دوكلات ۋە ھۆججەتلەر قاراپ چىقىلدى

## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2021 ـ يىللىق يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ يېڭى يىللىق چاي سۆھبىتىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: 2020 ـ يىلى يېڭى جۇڭگو تارىخىدىكى، جۇڭخۇا مىللىتى تارىخىدىكى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى، چىگىش، مۇرەككەپ خەلقئارا، دۆلەت ئىچى ۋەزىيىتى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، توسالغۇلارنى سۆرۈپ تاشلاپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدە ئالغا قاراپ يېڭى بىر چوڭ قەدەم تاشلىدى، بۇ ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە يىلدا ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە شانلىق نەتىجىلەرنى يارىتىپ، خەلق رازى بولغان، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان، تارىخ بېتىگە يېزىشقا بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇردى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى جاسارەت بىلەن ئالغا سىلجىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى ئۈزلۈكسىز مۇجەسسەملەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى چىڭ ساقلاپ، بايراق روشەن ھالدا سىياسىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسلىق، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلىق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيدىغان چىدامچانلىق بىلەن پۇختا، ئەستايىدىل ھالدا غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆز ئىشىمىزنى ياخشى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدىغان جان تىكىپ ئىلگىرىلەش روھى، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان چىدامچانلىق روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# «پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلىتى»نىڭ قىممىتى يۇقىرى

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بېي

بىر پارچە «پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلىتى»دىن قانچىلىك نەپ ئالالايدۇ؟ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ۋە ئىجادكارلار كوللېكتىپى ئۇنى ئىشلىتىپ يېڭىلىق يارىتىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش، بىلىم مۇلۈك ھوقۇقى مۇلازىمىتى قاتارلىقلار ئۈچۈن ھەق تۆلىسە بولىدۇ، شۇنداقلا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاپپاراتلار بېلەتنى بەلگىلەنگەن تارماققا بېرىپ نەقلەشتۈرسە بولىدۇ. بىر بېلەت ئارقىلىق تەمىنلىگۈچى تەرەپ بىلەن ئېھتىياجلىق تەرەپتىن ئىبارەت ئىككى ئۇچىنى نەپكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، بۇ «پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش بىلىتى»نىڭ قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云 | 天山网 www.ts.cn
新 疆 报 业 传 媒 集 团